بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

ئىسلام ئاۋازى
23- سان
(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَخُونُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُوا أَمَانَاتِكُمْ وَأَنْتُمْ تَعْلَمُونَ﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئى مۇئمىنلەر! الله قا ۋە پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار» (سۈرە ئەنفال 27- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ۋە خىيانەت قىلىشنىڭ مەنىئى قىلىنغانلىقى:

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ھاتەب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئە رضي الله عنه نىڭ قىسسىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: [مەككە فەتھە قىلىنغان يىلى ئۇ قۇرەيشلەرگە خەت يېزىپ، خېتىدە ئۇلارغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەككىگە قوشۇن تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ ئەمما الله تعالى پەيغەمبىرىنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئادەم ئەۋەتىپ ھاتەبنى چاقىرتىپ خەتنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ھاتەب رضي الله عنه قىلغان بۇ ئىشنى ئىقرار قىلىدۇ، ئۆمەر رضي الله عنه بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالايمۇ؟ ئۇ ھەقىقەتەن الله قا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە خىيانەت قىلدى» دەيدۇ. پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنىڭغا چېقىلمىغىن! چۈنكى ئۇ بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشتى. سەن نېمە بىلىسەن، الله بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنى <خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، مەن سىلەرنى ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلدىم> دېگەن تۇرسا» دەيدۇ].

مەن (يەنى ئىبنى كەسىر) مۇنداق دەپ قارايمەن: [«گەرچە بۇ ئايەت مۇئەييەن بىر ۋەقەگە خاس بولۇپ چۈشكەن بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ھۆكمى ئومۇمىيدۇر. كۆپ ساندىكى ئالىملار بۇ ئايەتنىڭ خاس ھۆكمىنى ئەمەس، ئومۇمىي ھۆكمىنى تۇتۇپ كەلدى. خىيانەت قىلىش بولسا ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زىيان (يەنى الله نىڭ جازاسىغا ئۇچراش) كەلتۈرىدىغان بارلىق چوڭ-كىچىك گۇناھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تەلھە رحمه الله «سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار» دېگەن ئايەت ھەققىدە ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رضي الله عنه نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «ئامانەت ــ الله تعالى بەندىلەرنىڭ ئۈستىگە قويغان پەرز ئەمەللەردۇر، خىيانەت قىلماڭلار (يەنى ئامانەتلەرنى بۇزماڭلار)». يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئابباس رضي الله عنه: «<الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا، پەرزلەرنى ۋە سۈننەتنى تەرك ئېتىش، مەئسىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق خىيانەت قىلماڭلار> دېگەن بولىدۇ» دەيدۇ.

ئىمام سۇددى: «ئەگەر ئۇلار الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا خىيانەت قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇلار ئۆزىنىڭ ئامانەتلىرىگە خىيانەت قىلغان بولىدى» دەيدۇ.

ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: «الله سىلەرنى مۇناپىقلار خىيانەت قىلغاندەك الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا خىيانەت قىلىشتىن توستى. مۇناپىقلار بولسا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مۇشرىكلارغا تارقىتاتتى»] («مۇختەسەر ئىبنى كەسىر»دىن ئېلىندى).

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «<ئى مۇئمىنلەر! الله قا ۋە پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار.> يەنى كىشىلەر بار يەردە الله رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلىپ، يالغۇز قالغاندا ئۇ ئەمەللەرنىڭ قارشىسىنى قىلىپ يۈرمەڭلار. دېمەك، ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى شۇكى، ئى مۇئمىنلەر! الله نىڭ پەرزلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىدىن ئىبارەت سىلەرگە يۈكلەنگەن الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ ھەقلىرىنى كېمەيتىۋەتمەڭلار؛ ئۇلار بۇيرۇغان ۋە توسقان نەرسىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار ۋە سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلماڭلار؛ دىنىڭلارنى، ۋاجىب بولغان ئەمەللەرنى ۋە ئۇنىڭ تەلەپ-تەقەززالىرىنى كېمەيتىۋەتمەڭلار. يۇقىرىقى نەرسىلەر سىلەرگە پاكىت ۋە ھۆججەت تەرىپىدىن ۋاجىب قىلىنغانلىقىنى بىلىسىلەر» («تەپسىر تەبەرى»دىن ئېلىندى).

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رحمه الله تىن يەنە الله تعالى نىڭ (دۇنيا ئاسمىنىغا) چۈشۈش سۈپىتى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ جاۋاب بېرىپ: «الله تعالى (دۇنيا ئاسمىنىغا) چۈشىدۇ، قانداق چۈشىدىغانلىقىنى بىز بىلمەيمىز» دېگەن (ئىمام سابۇنىنىڭ «عقيدة السلف أصحاب الحديث» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى).

ۋەلىد ئىبنى مۇسلىم قۇرەيشى رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەۋزائىي، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، مالىك ئىبنى ئەنەستىن الله تعالى نىڭ سۈپەتلىرى ۋە جەننەتتە مۇئمىنلەرگە كۆرۈنۈش سۈپىتى ھەققىدىكى ھەدىسلەر توغرىسىدا سورىسام، ئۇلار دېدىكى: <بۇ سۈپەت ھەدىسلىرىدىن كەلگەن پېتى ئۆتۈپ كېتىڭلار، سۈپەتلەرنىڭ قانداق رەۋىشتە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرمەڭلار>*» (ئىمام بەغەۋىينىڭ «شرح السنة» ۋە لەلكائىنىڭ «شرح أصول الإعتقاد» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى).

ئىمام ھافىز نۇئەيم ئىبنى ھەمماد خۇزائىي رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى الله تعالى نى مەخلۇقلىرىدىن بىرەر نەرسىگە ئوخشاتسىدىكەن كاپىر بولىدۇ، كىمكى الله تعالى ئۆزىنى سۈپەتلىگەن سۈپەتلەردىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن كاپىر بولىدۇ، الله نى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سۈپەتلىگەندىن باشقا ھېچبىر سۈپەت بىلەن <تَشْبِيْه> قىلىشقا (ئوخشىتىشقا) بولمايدۇ» (ئىمام لەلكائىنىڭ «شرح أصول الإعتقاد أهل السنة والجماعة» ناملىق كىتابى 4- توم 587- بەت).

بەزى سەلەف ئىماملىرى مۇنداق دېگەن: «ئىسلامنىڭ قەدىمى پەقەت تەسلىم بولۇش كۆۋرۈكى ئۈستىدىلا سابىت تۇرىدۇ» (ئىمام بەغەۋىينىڭ «شرح السنة» ناملىق كىتابى 1- توم 171- بەت).

ئىمام ئىبنى قۇدامە مەقدىسى رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «سەلەفلەر ۋە كېيىنكى ئىماملار مۇشۇ يول بويىچە ماڭغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله تعالى نىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستە كەلگەن سۈپەتلىرىنى <تَأْوِيْل> قىلماستىن (يەنى بۇرمىلىماستىن) بولۇشلۇق قىلىشقا، ئىقرار قىلىشقا ۋە (ئوخشاتماستىن، سۈپەتلەرنىڭ قانداق رەۋىشتە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرمەستىن) ئۆتۈپ كېتىشكە ئىتتىپاقا كەلگەن. بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىغا ئەگىشىشكە، ئۇلارنىڭ يول كۆرسەتمىسى بىلەن توغرا يول تېپىشقا بۇيرۇلغانمىز» (ئىمام ئىبنى قۇدامە مەقدىسىنىڭ «لُمعة الإعتقاد الهادي إلى سبيل الرشاد» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى).

شۇڭا ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە «تَعْطِيْل»، «تَشْبِيْه»، «تَفْوِيْض» ئەھلىنىڭ مەزھەبلىرىدىن ئادا-جۇدادۇر (الحمد لله).

يۇقىرىقىلار بولسا سەلەف سالىھ ۋە ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ الله قا ئىمان كەلتۈرۈشتىكى ئەقىدىسىدۇر شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىماملىرىنىڭ سۆزلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابە كراملىرىنىڭ مەنھىجىنى لازىم تۇتقان بولىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

* ئىزاھات: ئىماملارنىڭ «بۇ سۈپەت ھەدىسلىرىدىن كەلگەن پېتى ئۆتۈپ كېتىڭلار» دېگەن سۆزى «مُعَطِّلَة» لەرگە (يەنى الله تعالى نىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنىڭ مەنىسىنى يوق قىلىۋېتىدىغانلار ياكى بۇرمىلايدىغانلارغا)، «سۈپەتلەرنىڭ قانداق رەۋىشتە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرمەڭلار» دېگەن سۆزى «مُمَثِّلَة» لەرگە (يەنى الله تعالى نىڭ زاتى ۋە سۈپەتلىرىنى باشقا نەرسىلەرگە ئوخشىتىدىغانلارغا) رەددىيەدۇر. ئىماملارنىڭ «سۈپەت ھەدىسلىرىدىن كەلگەن پېتى ئۆتۈپ كېتىڭلار، سۈپەتلەرنىڭ قانداق رەۋىشتە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرمەڭلار» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى شۇكى، الله تعالى نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ مەنىسىنى قۇرئان ۋە ھەدىستە كەلگەن پېتى الله تبارك وتعالى غا لايىق رەۋىشتە بولۇشلۇق قىلىش لازىم. يەنى الله تعالى نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە ئىلىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ توغرىسىدا سورىماسلىق ۋە كەلگەن پېتى ئۆتۈپ كېتىش لازىم. مانا بۇ سۆز الله تعالى نىڭ قالغان سۈپەتلىرىگىمۇ تەتبىقلىنىدۇ. ئىماملارنىڭ مەزكۇر سۆزىنىڭ مەنىسى ھەرگىزمۇ «الله تعالى نىڭ سۈپەتلىرىنى مەنىسىنى بىلمەستىنلا ئوقۇپ ئۆتۈپ كېتىڭلار» دېگەنلىك ئەمەس، بۇ بولسا «مُفَوِّضَة» لەرنىڭ (يەنى الله تعالى نىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنىڭ لۇغەت مەنىسىنى الله تعالى غا تاپشۇرۇش كېرەك دەيدىغانلارنىڭ) ۋە «مُعَطِّلَة» لەرنىڭ مەزھىبىدۇر. بۇ ــ رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە «ئۇلار چۈشەنمەيدىغان سۆزنى ئوقۇپ كېتىۋېرىدىغانلار ئىدى» دەپ تۆھمەت قىلغانلىقتۇر. مەسىلەن، الله تعالى نىڭ «الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى چۈشىنىشلىك بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى ــ الله تعالى غا ئاڭلاش ۋە كۆرۈش دېگەن سۈپەتنى بولۇشلۇق قىلىش لېكىن قانداق ئاڭلايدىغانلىقىنى ۋە قانداق كۆرىدىغانلىقىنى بايان قىلماسلىقتۇر. چۈنكى ئەقىللەر بەزى سەزگىلى بولىدىغان نەرسىنى بىلىشتىن ئاجىزدۇر. ئۇنداقتا، كۆزلەر تاپالمايدىغان زاتنى ئەقىللەر قانداقمۇ تاپالىسۇن!؟

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَن عُمَر بِن الْخطَّاب رَضِيَ اللَّهُ عَنْه قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولُ اللَّه ﷺ يقُول: «إِنَّمَا الْأَعْمَالُ بالنِّيَات، وَإِنَّمَا لِكُلِّ إمرئ ما نوى، فَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتِه إِلَى اللَّهِ وَ رَسُولِه، فَهِجْرَتِه إِلَى الله وَرَسُوله، وَ مَنْ كَانَتْ هِجْرَتِهِ لِدُنْيَا يُصِيْبُهَا، أَوْ اِمْرَأَةٌ يَتَزَوَّجهَا يَنْكِحُهَا، فَهِجْرَتِه إِلَى مَا هَاجَرَ إِلَيْهِ» (متفق عليه).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: <ئەمەللەر (يەنى شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان ئەمەللەر) پەقەت نىيەتكىلا باغلىق، ھەر كىشى (ئەجىر ۋە ساۋابتىن) ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگىلا ئېرىشىدۇ. بىر كىشى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى تەرەپكە (يەنى الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش، پەيغەمبەرنىڭ يولىنى ۋە شەرىئەتنى قوغداش ھەم ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن) ھىجرەت قىلسا، ئۇنداقتا ئۇ كىشىنىڭ ھىجرىتى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى تەرەپكە بولغان بولىدۇ. ئەگەر بىر كىشى دۇنيانى (يەنى پۇل-مال، ئابرۇي ۋە مەنسەپنى) ياكى خوتۇن ئېلىشنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ھىجرىتى شۇ كۆزلىگەن نەرسىسى تەرەپكە بولغان بولىدۇ» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

### ھەدىستىن چىقىدىغان پايدىلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئالتىنچى، ھىجرەت دېگەن تەرك ئېتىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ــ ئەمەلدىن ھىجرەت قىلىش (يەنى يامان ئەمەلنى تەرك ئېتىش)، ئامىلدىن ھىجرەت قىلىش (يەنى يامان ئەمەل قىلغۇچىنى تەرك ئېتىش) ۋە ماكاندىن ھىجرەت قىلىش (يەنى يامان ئەمەل بولۇۋاتقان ماكاننى تەرك ئېتىش)تىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

1. ئەمەلدىن ھىجرەت قىلىش

بۇ دېگەنلىك الله چەكلىگەن گۇناھ-مەئسىيەتنى تەرك ئېتىش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان دېگەن مۇسۇلمانلارغا تىلى ۋە قولى ئارقىلىق چېقىلمىغان كىشىدۇر. مۇھاجىر بولسا الله چەكلىگەن ھەر قانداق نەرسىنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر» (بۇخارى توپلىغان).

2. ئامىلدىن ھىجرەت قىلىش (يەنى يامان ئەمەل قىلغۇچىنى تەرك ئېتىش)

بۇ ھەقتە ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «ئاسىيلىقنى پەرۋاسىز ھالدا ئاشكارا ئىشلىگەن كىشىنى تەرك ئېتىشنىڭ مەنپەئەتى بارلىقىغا كۆزىمىز يەتسە، ئۇ كىشىدىن ھىجرەت قىلىش (يەنى ئۇ كىشىگە سالام قىلماسلىق ھەتتا مۇباھ سورۇنلاردىمۇ ئارىلاشماسلىق قاتارلىق تەزىر ياكى ئەدەبلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇ كىشىنى تەرك ئېتىش) مۇستەھەبتۇر لېكىن گۇناھ سورۇنلىرىدا تەرك ئېتىش ۋاجىبتۇر. بۇ تەرك ئېتىش خۇددى باشقا ساددا قېرىنداشلىرىمىز خاتا چۈشىنىۋالغاندەك، گۇناھكار مۇسۇلمانلارغا خۇددى كاپىرغا مۇئامىلە قىلغاندەك ياكى ئۇنىڭدىن بەتتەررەك مۇئامىلە قىلىش ئەمەستۇر چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ جىھادنى تەرك ئەتكەن ئۈچ كىشىدىن 50 كۈن ھىجرەت قىلغان (يەنى ئۆزى ۋە ساھابىلىرىنى ھەتتاكى ئۇ ئۈچەيلەننىڭ ئاياللىرىنىمۇ شۇ ئۈچەيلەن بىلەن گەپلىشىش ۋە سالامدىن چەكلىگەن). رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ ھەرىكىتىنى

(ئاخىرى 2- بەتتە)





# جىھاد چەشمىلىرى



■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىنىڭ 2006- يىلدىن 2017- يىلغىچە بولغان ئون بىر يىل ئىچىدە كاپىرلارغا قارشى ئېلىپ بارغان جىھادىي ئەمەلىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە: مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز بۇ 11 يىل ئىچىدە 103927 قېتىم ئەمەلىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، جەمئىي 1075 قېتىم پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى قىلغان؛ 551 قېتىم ھەرخىل تىپتىكى ئايروپىلانلارنى ئېتىپ چۈشۈرگەن؛ 50733 دانە ھەرخىل تىپتىكى تانكا، برونېۋىك ۋە ماشىنىلارنى ۋەيران قىلغان؛ تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن 48152 نى ئۆلتۈرۈپ، 32010 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان؛ مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 15580 نى ئۆلتۈرۈپ، 97631 نى يارىلاندۇرغان؛ مۇجاھىدلار تەرەپتىن بولسا بۇ 11 يىل جەريانىدا 11974 نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز شەھىد بولغان، 13261 نەپەر قېرىندىشىمىز يارىلانغان؛ 1246 دانە تانكا ۋە ماشىنىلار مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز تەرەپتىن ۋەيران بولغان.

■ 4- ئاينىڭ 16- كۈنى كەچ سائەت 10 دا، ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز ۋىلايىتى جاھاردارا رايونىدا ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى خەلقلەرنىڭ ئۆيلىرىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەن مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرى بىلەن تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە قارشى ھۇجۇم قوزغاپ، بىر نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ئىككى نەپەر ئالاھىدە قىسىم ئەسكىرىنى يارىلاندۇرغان.

■ 4- ئاينىڭ 16- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ ھۇمۇس ۋىلايىتىنىڭ ئەلمەزرىئە ۋە دېلەك رايونىدا بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ 6 ئورۇندىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 10 دىن ئارتۇق بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە يارىلاندۇرۇپ، كۆپ مىقداردا قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 4- ئاينىڭ 17- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز ۋىلايىتى خانئاباد رايونى بىلەن ئەلئاباد رايونى ئارىلىقىدىكى يولدا كېتىپ بارغان مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئابدۇلھەي ئىسىملىك بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېرال 3 نەپەر قوغدىغۇچىسى بىلەن بىللە جەھەننەمگە ئۇزىغان ۋە بىر قانچە نەپەر مۇرتەد ئەسكەر يارىلانغان.

■ 4- ئاينىڭ 18- كۈنى شىئە كاپىرلىرى سۈرىيىنىڭ ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ غەربىدە مۇجاھىدلار كونتروللۇقىدىكى بىر قانچە نۇقتىلارغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى سابىت قەدەم قىلىشى بىلەن بۇ شىئە كاپىرلىرى خار ھالەتتە ئارقىغا چېكىنىپ، 20 گە يېقىن شىئە ئەسكەرلىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 4- ئاينىڭ 18- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قەندەھار ۋىلايىتى مىياتشىن رايونىدىكى بىر ئەسكىرىي بازىغا شىددەتلىك ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بۇ ئەسكىرىي بازا مۇجاھىدلار قولىغا ئۆتكەن. مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 18 نەپىرى ئۆلگەن ۋە كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلار غەنىيمەت چۈشكەن.

■ 4- ئاينىڭ 20- كۈنى رۇسىيە ھۆكۈمىتى سۈرىيىدىكى يېقىنقى جەڭ ئەمەلىيەتلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئەسكىرىي مەسلىھەتچىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

■ 4- ئاينىڭ 22- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىدىن 10 نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز ئافغانىستاننىڭ بەلخ ۋىلايىتىدىكى مۇرتەد ئارمىيىنىڭ 209- دېۋىزىيىسىگە قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ ئەمەلىيەت 8 سائەت داۋاملاشقان. جەڭدىن بۇرۇن 4 نەپەر قېرىندىشىمىز بۇ بازىغا ئەسكەر سۈپىتىدە كىرىپ، بازىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسكىرىي مەلۇماتلارنى توپلىغان. ئەمەلىيەت ئېلىپ بېرىلغان كۈنى بىر نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز بۇ بازىغا تاماق تەمىناتى ئېلىپ كىرگەن قىياپەتتە كۆپلىگەن مىقداردا پارتلاتقۇچى ماددىلارنى ئېلىپ كىرىپ، بازا ئىچىگە ساق-سالامەت ئورۇنلاشتۇرغان. ئارقىدىن، قالغان 9 نەپەر قېرىندىشىمىز كىرىپ ئەمەلىيەتنى باشلىغان، نەتىجىدە مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 150 كە يېقىنى ئۆلگەن ۋە 350 كە يېقىنى يارىلانغان.

■ 2- ئاينىڭ 12- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 22- كۈنىگىچە بولغان، سۈرىيىنىڭ دەرئا ۋىلايىتىدە ئېلىپ بېرىلغان «ئۆلۈم خارلىقتىن ياخشى» ناملىق جەڭ ئەمەلىيىتىدە مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كاپىرلارغا يەتكۈزگەن تالاپەتلىرى تۆۋەندىكىچە: ئىران ئەسكەرلىرىدىن 1 ى، ھىزبۇللات ئەسكەرلىرىدىن 9 ى، بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىدىن 155 ى، ئەسكىرىي مەسئۇللاردىن 8 ى، گۇرۇپپا مەسئۇللىرىدىن 46 سى، قوماندانلىرىدىن 13 كە يېقىنى ئۆلتۈرۈلگەن، 5 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر ئەسىر ئېلىنغان؛ 2 دانە جاسۇس ئايروپىلان ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن؛ 2 دانە تراكس، 3 دانە شالاكا، 7 دانە شالاكا ماشىنىسى ۋە 8 دانە تانكا ۋەيران قىلىنغان؛ كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلار غەنىيمەت چۈشكەن؛ 600 گە يېقىن ئائىلە بىناسى ۋە 14 ئورۇندىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى مۇجاھىدلار قولىغا ئۆتكەن.

■ 4- ئاينىڭ 23- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز سۈرىيىنىڭ ھۇمۇس ۋىلايىتى خەۋلە رايونىدىكى بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ مۇھىم بىر بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە T-55 تىپلىق 1 دانە تانكا، 37mm لىق بىر دانە توپ قورالنى غەنىيمەت ئالغان. ئارقىدىن مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ياردەمچى ئەسكەرلىرى كېلىدىغان يولغا مىنا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياردەمچى ئەسكەرلەر كەلگەندە پارتلاتقان، نەتىجىدە 10 غا يېقىن ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 4- ئاينىڭ 24- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ خوست ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىدە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر ئەسكىرىي بازىسىغا قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 10 نەچچە نەپەر ئالاھىدە قىسىم ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە بۇ ئەسكىرىي بازا تەلتۆكۈس ۋەيران بولغان.

■ 4- ئاينىڭ 25- كۈنى ئەنسارۇششەرىئە مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ بەيدا ۋىلايىتىدىكى ھۇسى شىئەلىرىنىڭ نۇقتىسىغا قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 8 نەپەر ھۇسى شىئە ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 4- ئاينىڭ 27- كۈنى تۈركىيىنىڭ دېڭىز تەۋەلىكىدە كېتىۋاتقان رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە ھەربىي پاراخوتى يەنە بىر دانە يۈك پاراخوتى بىلەن سوقۇلۇپ كېتىپ چۆكۈپ كەتكەن. بۇ پاراخوتتا 78 نەپەر رۇسىيىلىك بار بولۇپ، بېرىلگەن دەسلەپكى مەلۇماتلاردا 15 نەپەر رۇسنىڭ ئۆلگەنلىكى ئېلان قىلىنغان.

■ 4- ئاينىڭ 27- كۈنىدىن ھازىرغىچە ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ روزگان ۋىلايىتى تىرىنكوت شەھىرىدە مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 13 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران بولغان ۋە 42 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| سُوْقٌ | بازار | هَلْ تَذْهَبُ إِلَى السُّوقِ؟ | سەن بازارغا بارامسەن؟ |
| لَحْمٌ | گۆش | أَشْتَرِي كِيْلُوَيْنِ مِنَ اللَّحْمِ | مەن ئىككى كىلو گۆش ئالىمەن |
| سَمَكٌ | بېلىق | بِكَمْ كِيْلُو السَّمَكِ؟ | بېلىقنىڭ كىلوسى قانچە پۇل؟ |
| دَجَاجٌ | توخۇ | هَلْ تُرِيدُ الدَّجَاجَ؟ | ساڭا توخۇ لازىممۇ؟ |
| جَزَّارٌ | قاسساپ | مِنْ أَيِّ جَزَّارٍ تَشْتَرِي اللَّحْمَ؟ | سەن گۆشنى قايسى قاسساپتىن ئالىسەن؟ |
| خُبْزٌ | نان | مَا بَقِيَ خُبْزٌ فِي الْبَيْتِ | ئۆيدە نان تۈگىدى |
| بَيْضٌ | تۇخۇم | هَاتِ بِالْبَيْضِ مِنَ السُّوقِ | سەن بازاردىن تۇخۇم ئەكەل |
| حَلِيْبٌ | سۈت | بِكَمْ كِيْلُو الْحَلِيبِ؟ | سۈتنىڭ كىلوسى قانچە پۇل؟ |
| جُبْنٌ | ئىرىمچىك | بِكَمْ كِيْلُو الْجُبْنِ؟ | ئىرىمچىكنىڭ كىلوسى قانچە پۇل؟ |
| بُرْتُقَالٌ | ئاپېلسىن | هَاتِ كِيْلُوَيِ الْبُرْتُقَالِ مِنَ السُّوقِ | سەن بازاردىن ئىككى كىلو ئاپېلسىن ئەكەل |
| تُفَّاحٌ | ئالما | بِكَمْ كِيْلُو التُّفَّاحِ؟ | ئالمىنىڭ كىلوسى قانچە پۇل؟ |
| مَوْزٌ | بانان | أَنَا أُحِبُّ الْمَوْزَ جِدًّا | مەن بانانغا بەك ئامراق |

## ئائىلىدىكى رېتسېپلار

### سامساقنىڭ شىپالىق رولى

1. پۇتقا قاداق پەيدا بولۇپ قالغاندا، سامساقنى سوقۇپ تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن قاداق ئورنىنى پاكىز يۇيۇپ، ئىتتىك پىچاق بىلەن قاداقنىڭ قاسىرىقىنى ئېلىۋېتىپ، قاداقنىڭ مەركىزى قىسمىدىن ئازراق قان چىقىرىپ ياكى قان چىققۇدەك دەرىجىگە كەلتۈرۈپ، يۇمشاق سوقۇلغان سامساقنى قاداق ئورنىغا 2-3 قېتىم تەكرار تېڭىپ بەرگەندە قاداقنى يىلتىزىدىن تۈگەتكىلى بولىدۇ (إن شاءالله).

2. سامساقنى ئېزىپ ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يالاپ بەرسە، كۆكيۆتەلگە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بېرىدۇ (إن شاءالله).

3. سامساق شىرنىسىنى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈزۈن مۇددەت كۈندە تۆت قېتىم ئىستېمال قىلىپ بەرسە بەلغەمنى بوشىتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئۇيقۇنى كەلتۈرىدۇ، تۇبېركۇليوز كېسىلىگە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمى بولىدۇ (إن شاءالله).




1. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى قېنى كىم تېز ۋە توغرا تاپالايدۇ؟

باھاردا ئۇ كۆكىرەر،
رولى ھاۋا تازىلاش.
قىشتا تاشلاپ يوپۇرماق،
بولۇپ قالار تاقىرباش.
تاپالايدۇ جاۋابنى،
ئەڭ ئەقىللىق بىر ئاداش.

2. بىر ئوۋچى قىشتا قار يېغىپ تۇختىغان ۋاقىتتا ئوۋغا چىقىپتۇ. قار بەش سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئىكەن. ئوۋچى مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئارقىغا قارىسا ئىز يوق؛ يەنە مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئارقىغا قارىسا ئىز يوق. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:
1. سۇ.
2. چۈنكى «قارغا» دېگەن سۆز ئېغىزدا تەلەپپۇز قىلىنغاندا «ر» ھەرپى يوقاپ «قاغا» دەپ ئېلىنغان شۇڭا ئاتقان كەپتەر قاغا چۈشكەن.



(بېشى 1- بەتتە)

ھېچقانداق مۇسۇلمان «رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇسۇلمانلارغا كاپىرغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدى» دېمىگەن ۋە ھەرگىزمۇ دېيەلمەيدۇ.

3. ماكاندىن ھىجرەت قىلىش (يەنى يامان ئەمەل بولۇۋاتقان ماكانىنى تەرك ئېتىش)

بۇ توغرىسىدا شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «بۇ خىل ھىجرەتنىڭ ئەڭ چوڭى — ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئاشكارا قىلىشقا قادىر بولالمىغان كىشىنىڭ ئۆزى تۇرۇۋاتقان دارۇل كۇفرىدىن (يەنى كۇفرى سۇلتانلىقىدىكى يۇرتتىن) دارۇل ئىسلامغا (يەنى ئىسلام سۇلتان بولۇۋاتقان يۇرتقا) ھىجرەت قىلىشىدۇر. ئەگەر كۇفرى سۇلتانلىقىدا ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى ئاشكارا قىلىشقا قادىر بولسا (شۇنداقلا جىھاد ھازىرقىدەك پەرز ئەين بولمىسا)، ئۇ چاغدا شۇ كۇفرى يۇرتتا قېلىپ قېلىش مەكرۇھ ئەمما ئىسلام يۇرتىغا ھىجرەت قىلىش مۇستەھەبتۇر («شرح رياض الصالحين»دىن ئېلىندى).

ئۇندىن كېيىن قالسا، قانداق بىر كىشى پەرزلەردىن بىرەر پەرزنى تەرك ئېتىشكە، ياكى بىرەر ھارام ئىشنى قىلىشقا، ياكى خاۋارىجلىق ۋە مۇئتەزىلىلىككە ئوخشاش ئېتىقادىي بىدئەتلەر ۋە ياكى بىر قىسىم ئىبادەت خاراكتېرلىك بىدئەتلەرگە مەجبۇرلانسا، ئۇنداقتا بۇ كىشىگە شۇ يۇرتتىن گۇناھ ۋە بىدئەتكە مەجبۇرلانمايدىغان يۇرتقا ھىجرەت قىلىشى پەرزدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، گۇناھلارنى كۆپ قىلىشقا مەجبۇرلىنىدىغان يۇرتتىن گۇناھلارنى ئاز قىلىشقا مەجبۇرلىنىدىغان يۇرتقا ھىجرەت قىلىش (گۇناھقا پەقەت مەجبۇرلانمايدىغان يۇرت تېپىلمىغان بولۇش شەرتى ئاستىدا) پەرزدۇر. بۇنىڭ دەلىلى الله تعالى نىڭ: «سىلەر تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە الله تىن قورقۇڭلار» (سۈرە تەغابۇن 16- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزىدۇر. شۇڭا ئۆز يۇرتىدىن ياۋروپادىكى يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ يۇرتلىرىغا چىقىپ، ئاشكارا ئەزان توۋلاشتىن ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىنى (گۇناھ قىلغان چاغلىرىدا) ئەدەبلەشتىن چەكلىنىپ؛ نەتىجىدە، باللارنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى مەجبۇرى ھالدا «باللىرىڭلارنى بىز قوپاللىق قىلماي تەربىيلەپ بېرىمىز» دېگەن باھانە بىلەن ئېلىپ كېتىپ ئىسلامنى، ئۇممەتنى ۋە ئۇممەتنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمايدىغان شۇنداقلا غەربلىكلەرنىڭ ھاياسىز، ئەخلاقسىز، رەزىل قىلمىشلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالغان بىر تۇركۇم كېرەكسىز زىيانداش ئەۋلادلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇۋاتقان ھەمدە قادىر تۇرۇقلۇق جىھادنى ۋە جىھاد زېمىنىنى تەرك ئەتكەن بۇ پاسىق كىشىلەر گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلىپ ئۆزلىرىنى ۋە ئائىلىسىنى جەھەننەم ئوتىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىشلىرى پەرزدۇر.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

## ئەسىرلەر مەسىلىسى

پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ساھابىلەرگە ئەسىرلەر توغرىسىدا مەسلىھەت سالدى. ئەبۇبەكرى رضي الله عنه مۇنداق دېدى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇلار ئۆز تاغىلىرىمىزنىڭ ئوغۇللىرى ۋە قەۋم-قېرىنداشلىرىمىز. مېنىڭچە ئۇلاردىن تۆلەم ئېلىپ قويۇۋەتسەك، ئۇلاردىن ئېلىنغان مال كاپىرلارغا قارشى تۇرۇشىمىزدا بىزنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىمىزنى ئاشۇرىدۇ. الله تعالى ئۇلارنى سەن ئارقىلىق ھىدايەت قىلسا، ئۇلار ساڭا ياردەمچى بولۇشى مۇمكىن». پەيغەمبەر ﷺ ئۆمەر رضي الله عنه غا قاراپ: «سەن قانداق قارايسەن ئى ئىبنى خەتتاب؟» دەپ سورىدى. ئۆمەر رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مەن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئەبۇبەكرىدەك قارىمايمەن. مېنىڭ قارىشىمدا، ماڭا پالانى تۇغقىنىمنى بەرگىن، ئۇنى ئۆزۈم ئۆلتۈرەي؛ ئەلىگە ئۇقەيل ئىبنى ئەبۇتالىبنى بەرگىن، ئۇنى ئەلى ئۆلتۈرسۇن؛ ھەمزىگە ئۇنىڭ قېرىندىشى پالاننى (يەنى ئابباسنى) بەرگىن، ئۇنى ھەمزە ئۆلتۈرسۇن، شۇنداق قىلغاندا ئاندىن الله نىڭ ئالدىدا بىزنىڭ دىللىرىمىزدا مۇشرىكلارغا قارىتا قىلچە يول قويۇشنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەۋمنىڭ چوڭلىرى ۋە رەھبەر-قوماندانلىرى› دېدىم. شۇنداقتىمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇبەكرى رضي الله عنه نىڭ پىكرىگە مايىل بولۇپ مېنىڭ پىكرىمنى قوللىمىدى ۋە ئۇلاردىن تۆلەم ئالدى. ئەتىسى ئەتىگەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا بارسام، ئۇ ئەبۇبەكرى رضي الله عنه بىلەن يىغلاۋېتىپتۇ. مەن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! نېمىگە يىغلاۋاتىسىلەر؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار، يىغلىغۇدەك ئىش بولسا مەنمۇ تەڭ يىغلاي، يىغلىيالمىسام كۆزۈمنى يىغىغا زورلاي› دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹ھەمراھلىرىڭنىڭ ماڭا تۆلەم ئېلىش توغرىسىدا بەرگەن مەسلىھەتى ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن. ماڭا مەسلىھەت بەرگەنلەرنىڭ ئازابى مۇشۇ دەرەختىنمۇ يېقىن قىلىپ كۆرسىتىلدى› دېدى ۋە يېقىن يەردىكى بىر تۈپ دەرەخنى كۆرسەتتى». بۇ ھەقتە الله تعالى تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿مَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَنْ يَكُونَ لَهُ أَسْرَى حَتَّى يُثْخِنَ فِي الْأَرْضِ تُرِيدُونَ عَرَضَ الدُّنْيَا وَاللَّهُ يُرِيدُ الْآخِرَةَ وَاللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ۞ لَوْلَا كِتَابٌ مِنَ اللَّهِ سَبَقَ لَمَسَّكُمْ فِيمَا أَخَذْتُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ «پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ) ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۆئمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئىتىنى كۆزلەيسىلەر، الله سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [67]. الله نىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلىيسى بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار [68]» (سۈرە ئەنفال 67-، 68- ئايەتلەر).

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «الله نىڭ ھۆكمى ئەزەلىيسى» بولسا الله تعالى نىڭ: ﴿فَإِمَّا مَنًّا بَعْدُ وَإِمَّا فِدَآءً﴾ «ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار» (سۈرە مۇھەممەد 4- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزىدىكى ھۆكۈم ئىدى. بۇنىڭدا ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىشقا رۇخسەت بار ئىدى شۇڭا ئۇلار ئازابقا دۇچار قىلىنمىدى، پەقەت تاپا-مالامەتكە يولۇقتى چۈنكى ئۇلار زېمىندا مۇشرىكلارنى كۆپرەك ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرماي تۇرۇپ مۇشرىكلارنى ئەسىر ئالغانىدى لېكىن بەزى ئالىملار: «بۇ ئايەت كېيىن بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە نازىل بولغان سۈرە ئەنفالدىكى ‹الله نىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلىيسى بولمىسا ئىدى› دېگەن ئايىتى بولسا بۇ ئۈممەتكە غەنىيمەتنى ھالال قىلىپ بېرىش ياكى بەدر ئەھلىگە رەھمەت ۋە مەغپىرەت قىلىشتىن ئىبارەت الله نىڭ ئىلمىدە بولغان ھۆكۈمدۇر» دېدى.

دېمەك، ئاخىرقى كېڭەش نەتىجىسى ئەبۇبەكرى رضي الله عنه نىڭ رايىغا قارار تاپتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇلاردىن تۆلەم ئېلىپ قويۇۋەتتى. فىدىيە مىقدارى 3 مىڭ دەرھەم بىلەن 4 مىڭ دەرھەم ئارىلىقىدا ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ مىڭ دەرھەم بولدى. مەككىلىكلەر خەت يازالايتتى شۇڭا ئەسىرلەر ئىچىدىن تۆلەم تۆلەشكە ئىقتىسادى يەتمەيدىغانلار مەدىنىلىكلەرنىڭ باللىرىدىن ئون باللىغا خەت يېزىش ۋە ئوقۇشنى پىششىق ئۆگەتكەندىن كېيىن قويۇۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ﷺ يەنە بىرقانچە ئەسىرگە ئالاھىدە كەچۈرۈم ئىلتىپات قىلىپ تۆلەمسىز قويۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇتەللىپ ئىبنى ھەنتەب، سەيفى ئىبنى ئەبۇ رىفائە ۋە ئۇھۇد ئۇرۇشىدا يەنە ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان (تەپسىلاتى كېيىن كېلىدۇ) ئەبۇ ئىززە جۇمەھىلەرمۇ بار ئىدى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)



# تارىخقا نەزەر

## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

### ئۈچىنچى تېما: ھاكىملارنىڭ زالىملىقى ۋە كىشىلەر ئارىسىدا مۇنكەرلەرنىڭ يامراپ كېتىشى

خاۋارىجلار ئۆزلىرىنى: «بىز پەقەت ئادالەتنى بەرپا قىلىش؛ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش؛ كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ رەببى تەرەپكە ۋە ئەسلىي دىنىغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن چىققانمىز (يەنى خاۋارىج بولغانمىز)» دەپ دەۋا قىلىدۇ. مانا بۇ دەۋا خاۋارىجلارنىڭ داھىيلىرى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغان بىرىنچى شۇئارىدۇر. ئۇلار بۇ شۇئار ئارقىلىق پۈتۈن ئاۋام خاۋارىجلارنى قوراللىق قارشى چىقىشقا ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ۋە ئەنە شۇ شۇئارىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خەلقلەرنى قوزغىلىشقا تەشۋىق قىلىدۇ. ئالايلۇق، خاۋارىجلارنىڭ داھىيلىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب راسىبى دېگەن خاۋارىج بىر خۇتبىسىدە الله قا ھەمدۇسانا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە مۇنداق خىتاب قىلغان: «مەقسەتكە كەلسەك، الله بىلەن قەسەمكى، رحمن تعالى غا ئىمان كەلتۈرىدىغان، قۇرئان ھاكىمىيىتىنى قايتۇرۇپ كېلىشنى مەقسەت قىلغان (بىزدەك) قەۋم ئۈچۈن بۇ دۇنيا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋە ھەقنى سۆزلەشتىنمۇ ئەۋزەل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس چۈنكى بۇ ئەرزىمەس دۇنياغا مەمنۇن بولۇپ يۈرۈش، ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ كېتىش ۋە ئۇنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىش جاپا ۋە ھالاكەتتۇر شۇڭا ئى قېرىنداشلىرىمىز! بىز ئەنە شۇ بىدئەتلەرنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن بۇ ئاھالىسى زالىم بولغان يۇرتتىن تاغ باغىرلىرىغا ياكى بىزگە مۇۋاپىق شەھەرلەرگە چىقىپ كېتەيلى!» («تارىخ تەبەرى» 5- توم 174- بەت).

ئۇنىڭ بۇ سۆزى خاۋارىج داھىيلىرىدىن ھۇرقۇس ئىبنى زۇھەيرنىڭ خاۋارىج قېرىنداشلىرىغا قىلغان تۆۋەندىكى سۆزىگە ئوخشاپ كېتىدۇ: «بۇ دۇنيانىڭ ھالاۋىتى ئازدۇر، بۇ دۇنيادىن ئايرىلىشقا ئىنتايىن ئاز قالدى شۇڭا ئۇنىڭ زىنىنەتلىرى ۋە گۈزەللىكى ئۇنىڭدا ئورۇنلىشىپ قېلىشىڭلارغا ھەرگىزمۇ سەۋەب بولمىسۇن. بۇ ئەرزىمەس دۇنيا سىلەرنى ھەقنى ئىزدەشتىن ۋە زۇلۇمنى ئىنكار قىلىشتىن ھەرگىزمۇ بۇراپ قويمىسۇن چۈنكى ‹الله تعالى ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر› (سۈرە نەھل 128- ئايەت)» («تارىخ تەبەرى» 5- توم 174- بەت).

ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى خاۋارىجلارنىڭ داھىيلىرىدىن ھەييان دېگەن كىشىنىڭ خاۋارىجلارنى قارشى چىقىشقا (يەنى خاۋارىجلىق قىلىشقا) تەشۋىق قىلىدىغان تۆۋەندىكى سۆزىگە ئوخشاشتۇر: «بىز ھەممىمىز بىرلىكتە چىقايلى! الله سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن، بىز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا ۋە ئەھزابلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا تەشۋىق ۋە تەرغىب قىلايلى! چۈنكى بىزگە جىھادتىن ئولتۇرۇۋېلىشقا ھېچ ئۆزرە يوقتۇر. ھالبۇكى، ھاكىم ۋالىلىرىمىز زالىم تۇرسا؛ رەسۇلۇللاھنىڭ يولى تەرك ئېتىلگەن ۋە بىز قىساس ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قاتىللىرى خاتىرجەم يۈرۈۋاتسا بىزگە قانداقمۇ ئۆزرە بولسۇن!؟ ئەگەر الله بىزگە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە بېرىدىغان بولسا، بىز ئۇلاردىنمۇ توغرا بولغان يولغا يۈرۈش قىلىمىز-دە، الله بۇ ئارقىلىق مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىگە شىپالىق بېرىدۇ. ئەگەر بىز ئۆلتۈرۈلسەك مانا بۇ زالىملاردىن ئايرىلىپ راھەتكە چىقىمىز چۈنكى بۇ سەلەف ئەجداتلىرىمىزنىڭ يولىدۇر» («تارىخ تەبەرى» 5- توم 174- بەت).

دېمەك، خاۋارىجلار ئۈمەييە ۋە ئابباسىيلار خەلىپىلىرىنىڭ زالىملىقى، مەئسىيەت ۋە مۇنكەرلەرنىڭ يامراپ كېتىشى ھەمدە شۇ خەلىپىلەر دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ دەردىنىڭ يوغىناپ كېتىشى قاتارلىقلارنى ئۆزلىرىنىڭ خاۋارىج بولۇپ مەيدانغا چىقىشىنىڭ سەۋەبى دەپ قارىمايتتى بەلكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇ زۇلۇم، پاسات، مۇنكەرلەر ئىمام ئەلى رضي الله عنه دىن باشلانغان دەپ قارايتتى چۈنكى ئۇلار ئەلى رضي الله عنه نىڭ خىلاپىتىنى شەرئىي (يەنى قانۇنلۇق) خىلاپەت ئەمەس دەپ قاراش بىلەن بىرگە، ئادىل، كەسكىن ۋە يېتۈك بولغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رضي الله عنه دەك بىر شەخسكە تەلپۈنەتتى. مانا بۇ مەنە خاۋارىجلار كاتتىۋېشى ئابدۇللاھ ئىبنى شەجەرە سەلمى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قەيس ئىبنى ئۇبادە رضي الله عنه بىلەن بولغان تۆۋەندىكى دىئالوگىدا ئوچۇق ئەكس ئېتىدۇ. قەيس ئىبنى ئۇبادە رضي الله عنه ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: «ئى الله نىڭ بەندىلىرى! بىز ئىزدەۋاتقان كىشىلەرنى (يەنى خەبباب ئىبنى ئەرەت دېگەن ساھابىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى) بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار. سىلەر چىقىپ كەتكەن بۇ ئىشقا (يەنى ئەلىنىڭ ئىتائىتىگە) قايتىپ كېلىڭلار. سىلەر ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان دۈشمەنگە قايتىدىن ئۇرۇش ئېچىش ئۈچۈن بىز بىلەن قايتىڭلار چۈنكى سىلەر بىزنى مۇشرىك دەپ گۇۋاھلىق بېرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنى تۆكۈپ، ئۇلارنى مۇشرىك قاتارىدا ساناپ ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭلار. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۆزۈڭلارچە ئەلىنى ئېغىر زۇلۇم قىلدى، ھالبۇكى، ‹ئېغىر زۇلۇم› دېگەن شېرىك تۇرسا دەپ قارىۋالغانلىقىڭلاردۇر». ئابدۇللاھ ئىبنى شەجەرە سەلمى بولسا قەيس دېگەن ساھابىگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ھەق بىزگە ئايدىڭ بولغان شۇڭا سىلەر بىزگە ئۆمەردەك ئادىل خەلىپىنى كەلتۈرەلمىسەڭلار، بىز سىلەرگە ھەرگىزمۇ ئەگەشمەيمىز» («تارىخ تەبەرى» 5- توم 84- بەت، ئىبنى ئەسىرنىڭ «ئەلكامىل» 3- توم 343- بەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)



ئىسلام ئاۋازى
23- سان ھىجرىيە: 1438/08/02 مىلادىيە: 2017/04/28

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)



# ھاۋانى كونترول قىلىش

1940- يىلى 6- ئاينىڭ 22- كۈنى

گىتلېر غەربىي ياۋروپانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى كونترول قىلىۋالدى، پەقەت ئەنگلىيە قاتارلىق ئاز بىر قىسىم يەرلەر گىتلېرنىڭ كونتروللۇقىنىڭ سىرتىدا ئىدى. گىتلېر ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن ئۇرۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى (يەنى تەسلىم بولىدىغانلىقىنى) جەزملەشتۈرگەن ئىدى بىراق ئەنگلىيىنىڭ يېڭى پرېزىدېنتى چېرچىل ئەنگلىيىنىڭ قەتئىي تەسلىم بولمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. گىتلېر ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇش پىلانى تۈزۈش گۇرۇپپىسىدىكى قوماندانلار ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن ئامال تېپىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارە ئەنگلىيىگە باستۇرۇپ كىرىش ئىدى. ئەنگلىيىنى ئىشغال قىلىشنى مەقسەت قىلغان گېرمانىيە قوماندانلىرى ھاۋا ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىشنى ئەڭ بۇرۇن ئويلاشتى.

1990- يىلى 8- ئاينىڭ 2- كۈنى

سادام كۇۋەيتنى بېسىۋالدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىراقنىڭ بۇ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى قاتتىق ئەيىبلىدى ۋە ئىراقنىڭ دەرھال چېقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئېنىقكى، ب د ت نىڭ قۇرۇق گەپلىرى سادامنى كۇۋەيتتىن چېقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىيالمايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى جورجى بۇش (يەنى چوڭ بۇش) ب د ت گە ئەزا كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ ئاۋاز بېرىشى نەتىجىسىدە كۇۋەيتنى سادام كۈچلىرىدىن ئازاد قىلىش مەقسىتىدە قارار ماقۇللىدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى ئىراق ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچى دۇنيادا 4- ئورۇندا تۇراتتى. سادام ئارمىيىسى كۇۋەيتنى كونتروللۇقىغا ئالغاندىن كېيىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سەئۇدى ئەرەبىستاننى يۇتۇۋالالايتتى، شۇنىڭ بىلەن دۇنيادىكى نېفىت زاپىسىنىڭ تەخمىنەن 50% ى سادامنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بىرلەشمە ئارمىيە سادامنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاننى بېسىۋېلىش قارا نىيىتىدىن توسۇش ئۈچۈن ئامال تېپىشى كېرەك ۋە ئىراق ئارمىيىسىنى كۇۋەيتتىن چېقىرىۋېتىشى كېرەك ئىدى. ھەر ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا تۈزۈلگەن ئۇرۇش پىلانى ھاۋانى كونترول قىلىش ئىدى.

ھاۋانى كونترول قىلىش ئۇرۇشىدىكى ئاساسلىق تەلەپلەر:

بىرىنچى، نىشان ئېنىق بولۇش

ئۇرۇش پىلانى تۈزگۈچىلەر «مۇئەييەن بىر قېتىملىق جەڭ ئۈچۈنلا ھاۋانى كونترول قىلىش كېرەكمۇ ياكى ئۇرۇش رايونىدا ھاۋانى پۈتۈنلەي كونترول قىلىش كېرەكمۇ؟» دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، نىشانغا يېتىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئۇسۇللار

بۇ ھاۋانى كونترول قىلىش ئۇرۇشىنىڭ ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈش جەريانىدا ئويلىشىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ھاۋا ئۇرۇشىدا تېخنىكا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، كۈچ سېلىشتۇرمىسى

ھاۋا ئۇرۇشىدىكى قوراللارنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تېز بولۇشىغا ئەگىشىپ، كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەر پەقەت ئايروپىلان قاتارلىقلارنىڭ سانىلا ئەمەس بەلكى ھاۋا ئارمىيىسىگە تەۋە بولغان قوراللارنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى، قۇۋۋىتى ۋە ئۇ قوراللارنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان رادارلىق كونترول سىستېمىسى قاتارلىق ئامىللارمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئامىللارنىڭ ياردىمىدە كىچىك كۆلەمدىكى ھاۋا قىسمى دۈشمەننىڭ چوڭراق بولغان ھاۋا قىسمى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ.

تۆتىنچى، ئىستىخبارات

ئۇرۇش پىلانى تۈزگۈچىلەر ئۆزىنىڭ كىمگە قارشى تۇرماقچى بولغانلىقىنى ۋە «ئۇرۇش پىلانىنىڭ غەلىبىلىك بولۇشىغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغان نەرسىلەر نېمە؟» دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى كاللىسىدا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەك. ئۇلار يەنە ئۆزلىرى تۈزگەن ئۇرۇش پىلانىنىڭ نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك.

بەشىنچى، ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىش

ئۇرۇش پىلانى تۈزگۈچىلەر ھەممىسى بىردەك ھالدا ئۇرۇش پىلانىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى كېرەك. ئۇرۇش پىلانىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ئالدىراپ ۋاز كەچمەسلىك شۇنداقلا دۈشمەننىڭ بېشىنى كۆتۈرۈۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك.

ئۇرۇش پىلانىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش بىلەن پىلان ئىجرا قىلىشتىكى ئەۋرىشىملىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىرلەشتۈرۈش كېرەك، يەنى ئاساسىي پىلاننى قەتئىي چىڭ تۇتقان ھالدا پىلاننىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى جەڭنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

«نىشان ئېنىق بولۇش» توغرىسىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللار:

1940- يىلى گېرمانىيە ئارمىيىسى گەرچە پولشا ۋە فرانسىيىنى ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىغا ئېلىپ بولغان ۋە كۈچلۈك ھاۋا ئارمىيىسىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەنگلىيىگە بولغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى ئارقىغا سۈردى. 1940- يىلى 7- ئايدا فرانسىيە تەسلىم بولۇشتىن بىر ئاي بۇرۇن گېرمانىيە ئارمىيىسى گىتلېرگە ئەنگلىيىگە ھۇجۇم باشلاش ھەققىدىكى تەكلىپىنى سۇندى. بۇ تەكلىپنىڭ مۇھىم قىسمى ئىنگلىز قانىلى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ھاۋا تەۋەلىكىنىڭ كونتروللۇقىنى تارتىۋېلىش ئىدى. گىتلېر بۇ تەلەپكە قارىتا سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. گىتلېرنىڭ غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇ ئەنگلىيىنىڭ تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشنى تەلەپ قىلىشتىن باشقا چىقىش يولى يوق دەپ قارايتتى. بۇ مەقسەتكە يېتىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللار ئەنگلىيىگە ھەر تەرەپتىن بېسىمنى ئاشۇرۇش ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى ئەنگلىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىگە تەۋە بولغان پاراخوتلارنى ۋە ھاۋا ئارمىيە بازىلىرىنى ھاۋادىن بومباردىمان قىلدى. بۇ خىلدىكى بېسىم 8- ئايدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەسلىم بولۇشنى قەتئىي رەت قىلغان ۋاقىتقىچە داۋاملاشتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغاندىن كېيىن گىتلېر قول ئاستىدىكى قوماندانلىرىغا ئەنگلىيىگە تاجاۋۇز قىلىشنىڭ تەييارلىقلىرىنى جىددىي ئىشلەشكە بۇيرۇدى، شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ھاۋا ئارمىيە قىسمى ئەنگلىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيە قىسمىنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئاساسلىق قىسمىنى چىقىرىپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مەقسىتى ھاۋادىكى ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى.

1990- يىلى بىرلەشمە تاجاۋۇزچى ئارمىيىمۇ ئىراققا قارىتا ھاۋادىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشنى مەقسەت قىلغان ھالدا ئۇرۇش پىلانى تۈزدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ قۇرۇقلۇق قىسمىنىڭ بىخەتەر ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش ئىدى. بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش پىلانى تۈزگۈچىلىرى ھاۋا ئارمىيىسىگە شۇ دەرىجىدە ئىشەنگەنكى، ئۇلار ھەتتا ئىراق ئارمىيىسىنى كۇۋەيتتىن قوغلىۋېتىش ئۇرۇشىدا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى ئىشلەتمەسلىكنى نىشان قىلىشقان ئىدى. بۇلارنىڭ مۇھىم پىلانلىرىنىڭ بىرى — دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىك قىسمىنى ۋەيران قىلىش، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئىشخانىلار قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىپ ھاۋا ھۇجۇمى ئېلىپ بېرىش ئىدى. يەنى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نىشانى گىتلېر خىيال قىلغىنىغا ئوخشاش «دۈشمەنگە كۈچلۈك بېسىم ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنى ئۇرۇش قىلماي تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلاش» ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھاۋادىن كۈچلۈك زەربە بېرىپ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت گىتلېر ئارمىيىسىنىڭ كونا ئۇسلۇبى ئىراق ئۇرۇشىدا يەنە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ قېتىمقى ئىراق ئۇرۇشىدا يۇقىرىقى ئۇرۇش قىلىش تەپەككۇرىغا قوشۇلغان ئامىل ھاۋا ئارمىيىسىدە ئىشلىتىلگەن قوراللارنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولۇش ئىدى.

بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ بۇ قېتىمقى ئىراق ئۇرۇشىدا تۈزگەن پىلانى ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى ئاساس قىلغان ئىدى:

1. ئىراق ئارمىيىسىنىڭ ھاۋا مۇداپىئە قىسمى ۋە ھاۋا ئارمىيىسى تارمار قىلىنىشى كېرەك.

2. ئىراق ئارمىيىسىنىڭ كۇۋەيتكە يېقىن قىسىملىرىنىڭ ئالاقە تورى ئۈزۈپ تاشلىنىشى كېرەك.

3. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىراق ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇق قىسىملىرىنى ۋەيران قىلىش كېرەك.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ھاۋادىن مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، دۈشمەن قىسمىنى تەسلىم بولۇشقا، يەنى ئىراق قىسمىنى كۇۋەيتتىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇرلاش ئىدى.

1940- يىلى 7- ئاي، ئەنگلىيە

ئەنگلىيە ئارمىيىسى گېرمانىيىنىڭ ئەنگلىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن ھاۋادىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ يەتتى شۇڭا ئەنگلىيە قىسمى گېرمانىيىنى بۇ مەقسىتىگە يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن پىلان تۈزۈشكە كىرىشتى.

1990- يىلى 12- ئاي، ئىراق

بۇ ۋاقىتتىكى سادامنىڭ ئەھۋالى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنگلىيىنىڭ ئەھۋالىغا ناھايىتى ئوخشايتتى. سادام ئارمىيىسى بىرلەشمە ئارمىيە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە ھاۋادىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەكلىكىنى شۇڭا بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ ھاۋادىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پىلان تۈزۈشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتى. سادام بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىغا ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن قارايتتى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

## پەيغەمبەر تىبابىتى

## بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

### قۇرئان (قُرْآنٌ)

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «بىز مۆئمىنلەرگە شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز» (سۈرە ئىسرا 82- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ۋە «ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى دەرتكە (يەنى شەك ۋە نادانلىققا) شىپا بولغان، مۆئمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان (قۇرئان) كەلدى» (سۈرە يۇنۇس 57- ئايەت).

قۇرئان — دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ كېسەللىرىگە، جىسمانىي ۋە روھىي كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە تولۇق شىپادۇر. ئۇنىڭدىن ھەممە ئادەم شىپا تېپىۋەرمەيدۇ ۋە شىپا ئەھلى بولالمايدۇ. بىمار قۇرئان بىلەن داۋالىنىشنى ياخشى ئېلىپ بارالىسا؛ كېسەللىكگە سادىق ئىمان، تولۇق بويسۇنۇش، جەزمىي ئېتىقاد ۋە قالدۇق شەرتلەرنى تولۇقى بىلەن ئادا قىلالىسا كېسەل ئۇ ئادەم بىلەن مەڭگۈ قارشىلاشمايدۇ. ئاسمان-زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزىگە كېسەللىك قانداقمۇ قارشىلىق قىلالىسۇن!؟ ئۇ (قۇرئان) شۇنداق سۆزكى، تاغلارغا قويۇلغان بولسا تىتىلىپ، زېمىنغا قويسا پارچىلىنىپ كەتكەن بولاتتى. الله ئۆز كىتابىنى چۈشىنىشكە نېسىپ ئەتكەن كىشىلەر ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە ھەر قانداق روھىي ۋە جىسمانىي كېسەللىكلەرگە، ئۇ كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبىگە، پەرھىزىگە ئوچۇق ئىشارەت ۋە بىشارەتلەر باردۇر. قەلبىي كېسەللىكلەرگە قارىتا قۇرئان كەرىم تەپسىلىي توختىلىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى، داۋاسىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ ساڭا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا (مۆجىزە بولۇشقا) كۇپايە قىلمىدىمۇ؟!» (سۈرە ئەنكەبۇت 51- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

قۇرئان بىلەن شىپا تاپمىغان ئادەمگە الله شىپالىق بەرمىسۇن، قۇرئان كۇپايە قىلمىغان ئادەمنى الله مەھرۇم قىلسۇن!